# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرما زۇڭتۇڭى، باڭلادىش زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ جاپادىمۇ - ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشتەك تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، داۋاملىق قەتئىي قوللايدۇ ۋە قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ. بىرما خەلقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۇقۇم ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو تەرەپ بىرمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى داۋاملىق قوللاپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىق ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزاننى قەتئىي قوغداپ، قول تۇتۇشۇپ بۇ مەيدان يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بۇ يىل 1 - ئايدا، مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلىتىڭلاردا زىيارەتتە بولدۇم، بىز جۇڭگو - بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو - بىرما مۇناسىۋىتىدە يېڭى دەۋر ئېچىشقا بىردەك قوشۇلدۇق. ئىككى تەرەپنىڭ زىچ ماسلىشىپ، زىيارەت نەتىجىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككى تەرەپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقە، ھەمكارلىقنى مۇقىم ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىساد كارىدورى تۈردە پائال ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئىككى دۆلەت چېگراسىدىكى بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، چېگرانىڭ تىنچلىقى، خاتىرجەملىكىنى قوغداش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلىشى كېرەك.

ۋىن مىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى تىزگىنلىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تۇرمۇشى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بىرما تەرەپ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال. جۇڭگو تەرەپنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە بىرمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا بەرگەن مەدىتى ۋە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمەن. يۇقۇم ئالدىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ھەققانىيلىقنى قوغدىشى، ھەربىر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك. بىرما - جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ياخشى ھەمكارلىق دەل ئىككى تەرەپنىڭ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ كارتىنىسى. بىرما تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرىدۇ. بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىل 1 - ئايدا بىرمىنى زىيارەت قىلغاندىكى نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قېرىنداشلارچە دوستلۇق ھەم ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىرما - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى.** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە باڭلادىش زۇڭلىسى خاسىنا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باڭلادىش جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەر ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپنى قوللاپ، باڭلادىش خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇق مېھرىنى نامايان قىلدى. ھازىر، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا يۇقۇم ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل. جۇڭگو تەرەپ باڭلادىش تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، داۋاملىق تۈردە باڭلادىش تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ ھەم قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ، يېقىندا مەزكۇر باڭلادىش تەرەپكە بىر داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، باڭلادىش خەلقى چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇر غەلىبە قىلالايدۇ. باڭلادىش ھۆكۈمىتىنىڭ باڭلادىشتىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنى ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، جۇڭگو تەرەپمۇ جۇڭگودىكى باڭلادىش پۇقرالىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا كاشىلا قىلىدىغان، پۈتۈن يەر شارى، بولۇپمۇ كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق باڭلادىش تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، خەلقئارا بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ۋە باڭلادىش ئەنئەنىۋى دوستانە قوشنىلار، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مۇھىم تەرەققىيات ھەمراھى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو - باڭلادىش ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ باڭلادىش تەرەپ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، تەدرىجىي ھالدا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، نۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقۇمدىن كېيىنكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشىگە ياخشى ئاساس سېلىشنى خالايدۇ.

خاسىنا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باڭلادىش - جۇڭگو دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، چوڭقۇر، رەئىس شى جىنپىڭ 2016 - يىلى باڭلادىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. باڭلادىش تەرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو تەرەپ تەمىنلىگەن قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم باڭلادىش تەرەپنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، باڭلادىش تەرەپنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى، باڭلادىش تەرەپ بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەر شارىۋى خىرىس، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپنىڭ جۇڭگودىكى باڭلادىش پۇقرالىرى، بولۇپمۇ ۋۇخەندىكى باڭلادىش ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، باڭلادىش تەرەپ باڭلادىشتىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. باڭلادىش تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، باڭلادىش - جۇڭگو ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كەلدى، قانچە ھالقىلىق پەيتكە كەلگەنسېرى شۇنچە ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ماۋنەن مىللىتى دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسى بىرقەدەر ئاز 28 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ بىرى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى خۇەنجياڭ ناھىيەسى دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىردىنبىر ماۋنەن مىللىتى ئاپتونوم ناھىيەسى، پۈتۈن ناھىيەدە ماۋنەن مىللىتىدىن 64 مىڭ 500 كىشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ماۋنەن مىللىتى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن %70نى ئىگىلەيدۇ. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خۇەنجياڭ ناھىيەسىدە نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى %1.48كە تۆۋەنلىدى. 2020 - يىلى 5 - ئايدا، خۇەنجياڭ ناھىيەسى نامرات ناھىيەلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ماۋنەن مىللىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ماۋنەن مىللىتى پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. يېقىندا، خۇەنجياڭ ناھىيەسىدىكى ماۋنەن مىللىتى ئاممىسىنىڭ ۋەكىللىرى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، شۇ جايدىكى ماۋنەن مىللىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىق خۇشاللىق ھېسسىياتىنى دوكلات قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ يۇرتنى ياخشى قۇرۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، يېزا كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقان شايار ناھىيەسى قايلۇر بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بازار باشلىقى ئەكبەر ئىمىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز. باشتىن - ئاخىر مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ۋەزىپىلەرنى قولدا تۇتۇپ، ھازىرقى تۈرلۈك دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىياتنى تېزلىتىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تىجارىتىنى ياخشى قىلىپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كەلدى، قانچە ھالقىلىق پەيتكە كەلگەنسېرى شۇنچە ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. خوتەن ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ لاگرۇ يېزىسى ياپچانلىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى ئايگۈزەل مەمەت مۇنداق بىلدۈردى: «نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ياپچانلىق كەنتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات يولىنى توغرا تاللاپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىكى ‹كەشتە تىكىش ماھارىتى›نى تولۇق ئىشقا سېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملايمەن».

«ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئالىدىغان كۈچەش باسقۇچىغا كەلدى. بىز ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئاساسىدا داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، كەنتىمىزدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، ھەممە ئادەمنىڭ تاپىدىغان پۇلى بولۇش، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى جىمسار ناھىيەلىك يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۇ ناھىيەنىڭ ئەرگۈك بازىرى باخۇ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ يىلى.

«يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلىنىشتىكى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان ئۈمىدى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ باركۆل بازىرىدىكى ئىبرسان قايسانى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئىبرسان مۇنداق دېدى: «ئالدىنقى يىللاردا، مەن قازاق ئەنئەنىۋى پېچىنە - پىرەنىكلىرىنى پىشۇرۇش ۋە سېتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم، ھەربىر قەدەم ئالدىغا ماڭغىنىمدا بازارلىق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە، قوللىشىغا ئېرىشتىم. بۈگۈنكى كۈندە، مەن بىر پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئون نەچچە ئاچا - سىڭلىنى بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشقا يېتەكلەۋاتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇپ، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن».

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، پەرىزات ئابدۇل، جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ دېفېڭ)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق مەسىلىلىرىنى سىجىل ھەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشنى تەكىتلىدى. بۇ «باياناتلاردىن تاللانما»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى پۈتۈن پارتىيەنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ئالاقىدار مۇھىم باياناتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتابتا شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان سۆزى مۇقەددىمە قىلىنغان، توققۇز مەخسۇس تېمىغا بۆلۈنگەن، ئالاقىدار مۇھىم باياناتلاردىن 182 بۆلەك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ 2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىكى سۆزى، دوكلاتى، يوليورۇقى، تەستىقىي يوليورۇقى قاتارلىق 70 نەچچە پارچە مۇھىم ھۆججەت - ماتېرىيالدىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن مۇھىم باياناتلار تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ئېچىلىش يىغىنىدا ۋاڭ ياڭنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى نەق مەيداندا بىۋاسىتە تارقاتتى؛ شىنخۇا تورى ئېچىلىش يىغىنىنى نەق مەيداندا سۈرەت ۋە يېزىق شەكلىدە بىۋاسىتە تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى يىغىن ئېچىپ، ئۆمەك باشلىقلىرى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرىنى سايلاشقا كۆرسىتىدۇ؛ يىغىن ھەيئەت رىياستى ۋە باش كاتىپ ئىسىملىكى لايىھەسىنى قاراپ چىقىدۇ؛ يىغىن قارالمىسى لايىھەسىنى قاراپ چىقىدۇ. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچتە، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يىغىن ھەيئەت رىياستى ۋە باش كاتىپنى سايلاپ چىقىدۇ، يىغىن قارالمىسى لايىھەسىنى ئاۋازغا قويىدۇ. تەييارلىق يىغىنىدىن كېيىن، يىغىن ھەيئەت رىياستى بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. سائەت 21دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، يىغىن باياناتچىسى يىغىن قارالمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئاممىۋى سەھىيە ۋە ساغلاملىقنى ئورتاق قوغداش ئۈچۈن، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى تور سىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يەرنى ئۆتۈۋروت قىلىش ئارقىلىق، ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە كەنت باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇت قۇرۇلدى، 1000 مولۇق مېۋىلىك باغ ۋە خاس كۆكتات پارنىكى ھاياتىي كۈچكە تولدى. دېھقانلار بىر تەرەپتىن ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن يىل ئاخىرىدا تەقسىملەنگەن پايدىنى ئېلىپ، ئىككى ئۆلۈش كىرىم قىلىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدى. تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق، پۈتۈن كەنت بويىچە يەنە 100دىن ئارتۇق ئادەم سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، كىرىمى تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ مۇقىم بولدى.

ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە توختالدى ——

## «ئادەم نامرات بولسىمۇ ئىرادىسىنى يوقاتسا بولمايدۇ»

«ئادەم نامرات بولسىمۇ ئىرادىسىنى يوقاتسا بولمايدۇ، نامراتلارنى يۆلەشتە جەزمەن ئاۋۋال ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش كېرەك. تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشتىكى ئىرادە، ئىش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھەممىسى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان كۈچ.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رۇقىيەم مەتسەيدى مۇنداق دېدى: «تايىنىۋېلىش ئىدىيەسىدە بولساق بولمايدۇ، سىز ئىشلىمىسىڭىز، مەن ئىشلىمىسەم، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىشلىمەيدۇ».

رۇقىيەم مەتسەيدى مۇنداق بىلدۈردى: بۇ بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزىلاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش شەرەپلىك دەيدىغان كەيپىيات شەكىللەندى، بۇ خىل غەيرەتنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن كەنت قائىدىسى ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم بىلەن «ھورۇن»لارنى چەكلەپ، نامرات ئاممىنى تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلغانلار قاتارىغا قوشۇلۇشقا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك.

### «ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەشنىڭ بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ»

«ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش سۇبيېكتىپ ئاڭنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، ئىككىسىدىن بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.» مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دېڭ خۇڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشتا، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى ياردەم بېرىش - يۆلەش پىلانى بىلەن زىچ جىپسىلاشتۇرغاندا، نامراتلارنى يۆلەش ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ، نامراتلارنى يۆلەش بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش ئارىسىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر».

«مەۋقەنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، نامراتلارنى يۆلەش پىلانىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تۈزۈپ، كۆپچىلىكنى ھەم ماھارەتنى قىزىقىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىدىغان، ھەم كەسپ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان قىلىپ، قوش لىنىيە بويىچە تەڭ ئىلگىرى سۈرۈپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تولۇق ئۇرغۇتۇش كېرەك» دېدى دېڭ خۇڭ.

مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرالايمەن ——

### «بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلدى»

تۆۋەن ياراغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆرنىسا ئىلياس بولتۇر تۇنجى قېتىم كەنت قۇرغان زاۋۇتقا كىرگەندە، ئالدىراشچىلىقتا تولغان سېخ ئۇنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇ ئالدىراش بولۇپ باقمىغانىدى. بىر مو بۇغدايلىق ۋە تۆۋەن كاپالەت پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، يىل بويى كۈنلىرى غورىگىل ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن ھېچقانداق بىنورماللىق ھېس قىلمايتتى. «ئىلگىرىكىلەرمۇ مۇشۇنداق ياشاپ كەتكەندىغۇ!» ئۇ ئىلگىرى ھەمىشە مۇشۇنداق دەيتتى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھۆرنىسا كەنتتە ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئېتىزلار رەتلىك، پاكىز بولدى، زىرائەتلەرنىڭ ئورنىنى ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتاتلار ئالدى، كەنتتە يەنە زاۋۇت قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»دىكىلەر ئۇنى زاۋۇتتا ئىشلەپ، كۆپرەك پۇل تېپىشقا كۆپ قېتىم رىغبەتلەندۈردى.

ئارقا - ئارقىدىن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا، «ئەمگەك ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى تېپىش» دېگەن بۇ سۆز ھۆرنىسانى تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ئېسىگە ئالدى، ئۆيىدىكى ئاشلىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن قوشنىلاردىن قەرز ئالغان چاغدا خىجىل بولغان، ھېيت - بايراملاردا چىرايلىق كىيىم - كېچەك كىيەلمەي كۆڭلى يېرىم بولغان، بازار ئايلانغاندا پەقەت قىزىپ كەتكەن بازارنىلا كۆرۈپ، نائىلاج قۇرۇق قول قايتقان... «بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشنىڭ ۋاقتى كەلدى» ھۆرنىسا بىر قارارغا كەلدى.

ئىككى ئاي پىراكتىكا قىلغاندىن كېيىن، ھۆرنىسا كەنت قۇرغان زاۋۇتنىڭ رەسمىي خىزمەتچىسى بولۇپ، ئايدا مۇقىم مائاش ئالىدىغان بولدى. يانچۇقىغا پۇل كىرىپ ئىشەنچىسى ئاشتى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىۋاتقان تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

«ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشكەندىلا، كۆڭۈل ئەڭ خاتىرجەم بولىدىكەن، ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدىكەن. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن مەن داۋاملىق تىرىشىپ تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ ياخشىلايمەن.» يېڭى، چىرايلىق كۆڭلەك كىيگەن ھۆرنىسا بۇ سۆزنى قىلغاندا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى.